# پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامىزىنىڭ ھەر رەكئىتىدە راۋۇرۇس ئولتۇرمىغىچە ئورنىدىن تۇرمايتتى

مالىك ئىبنى ئەلھۇۋەيرىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ناماز ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆرگەن بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامىزىنىڭ ھەر رەكئىتىدە راۋۇرۇس ئولتۇرمىغىچە ئورنىدىن تۇرمايتتى، دەيدۇ

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [بۇخارى"سەھىھۇل بۇخارى"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

بىرىنچى رەكئەتتىن ئىككىنچى رەكئەتكە ۋە ئۈچىنچى رەكئەتتىن تۆتىنچى رەكئەتكە تۇرىدىغان ۋاقىتتا دەرھال تۇرماستىن، يېنىك ئولتۇرۇۋېتىپ، ئاندىن تۇرۇش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننەتلىرىدىن بولۇپ، بۇ ئارام ئېلىش ئولتۇرۇشى دەپ ئاتىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇنداق ئولتۇرغانلىقىنى كۆپلىگەن ساھابىلار رىۋايەت قىلغان

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/10931

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee